قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# بۇلبۇل



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# بۇلبۇل

## قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (5)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# بۇلبۇل



ئەسلىي ئاپتورى: ئاندىرسون [دانىيە]
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: شياۋ شى
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ناھايىتى چىراي-لىق بىر شەھەردە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بېغىدا رەڭگارەڭ گۇللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ تۇرىدىكەن.



Scanned by CamScanner

2. گۆللۈكنىڭ يان تەرىپىدە بۈك-باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، دې-
ڭىزغىچە تۇتىشىدىكەن.





3. ئورمانلىقتا بىر بۇلبۇل بار بولۇپ، ئۇنىڭ ناخشىسى تولىمۇ يېقىملىق، تەسىرلىك ئىكەن. ھەر كۈنى كەچتە جاپاكەش كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن.



4. پادىشاھ بۇ ئەھۋال-
نى ئۇققاندىن كېيىن، ۋەزىر-
لىرىگە: «بۇگۈن كەچتىلا
بۇلبۇلنى تۇتۇپ كېلىڭلار،
ئۇ ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەر-
سۇن» دەپتۇ.

5. ئورمانلىقتىكى بىر يوقسۇل قىزچاق ۋەزىرلەرگە يول باشلاپ، بۇلبۇل تۇرۇشلۇق جايغا كەپتۇ. ۋەزىرلەر بۇلبۇلنى تۇتۇپ، ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

6. بۇلبۇل ناھايىتى تەسىرلىك ناخشا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ تەسىرلەنگەنىدىن كۆز يېشى قىپتۇ. بۇلبۇلغا بىر جۈپ ئالتۇن كەش سوۋغا قىلماقچى بولغان ئىكەن، بۇلبۇل رەت قىپتۇ.





7. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پادىشاھ بۇل-
بۇلنى ئوردىدا ئېلىپ قاپتۇ. پەقەت كۈندۈ-
زى ئىككى قېتىم، كېچىسى بىر قېتىم
سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىپتۇ.

8. بىر كۈنى، چەت ئەلدىن كەلگەن بىرسى پا-
دىشاھقا بىر ئويۇنچۇق بۇلبۇلنى سوۋغا قىپتۇ. بۇ
بۇلبۇلنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە مەرۋايىت قويۇلغان،
پۇتىدا پۇرژىنىسى بار بولۇپ، توختىماي ناخشا
ئېيتالايدىكەن.



Scanned by CamScanner

9. پادىشاھ بەك خۇش بوپتۇ. كېچە-كۈندۈز ئويۇنچۇق بۇلبۇلنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپتۇ. ھېلىقى راست بۇلبۇل ياپ-يېشىل ئورمانلىققا قايتىپ كەپتۇ.



Scanned by CamScanner

10. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئويۇنچۇق بۇلبۇلنىڭ پۇرژىنىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ناخشا ئېيتالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.



Scanned by CamScanner

11. سائەتچى ئۇستام مىڭ تەستە ئۇنى رېمونت قىپتۇ. ئەمما، ئويۇنچۇق بۇلبۇل بىر يىلدا پەقەت بىرلا قېتىم ناخشا ئېيتالايدىغان بولۇپ قاپتۇ.




Scanned by CamScanner

12. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇلبۇلنىڭ ناخشىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغۇسى كەپتۇ.



Scanned by CamScanner

13. «قېنى، ناخشاڭنى ئېيتە، مەن ساڭا بەھەساپ ئالتۇن-كۈمۈش بەردىم، ناخشاڭنى ئېيتقىن» دەپتۇ پادىشاھ. ئەمما ئويۇنچۇق بۇلبۇل بەك كونىراپ كەتكەچكە، ناخشا ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.



Scanned by CamScanner


14. بۇ ۋاقىتتا دېرىزىنىڭ سىرتىدىن تولىمۇ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئەسلىدە ئورمانلىقتىكى بۇلبۇل ئوردىغا كېلىپ، پادىشاھقا ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقان ئىكەن.



Scanned by CamScanner


15. «رەھمەت ساڭا، ئەينى ۋاقىتتا سېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدىم، ئەكسىچە سەن قايتىپ كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ، ساڭا قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟» دەپتۇ پادىشاھ.





16. «سىلە ئاللىبۇرۇن ماڭا رەھمەت ئېيتىپ بولغان، بىرىنچى قېتىم ناخشا ئېيتىپ بەرگىنىمدە سىلە كۆز يېشى قىلغان ئىدىلە، مەن بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن» دەپتۇ بۇلبۇل.

Scanned by CamScanner



17. بۇلبۇل ناخشىسىنى ئېيتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ شېرىن ئۇيقۇغا كې-
تىپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ، ئۆزىنى روھلۇق، تىمەن ھېس قىپتۇ.



18. مۇلازىملار پادىشاھنى ئالەمدىن ئۆتتى دەپ ئويلاپ، ھەممىسى يېڭى پادىشاھنى كۆرگىلى كېتىپتۇ. پەقەت بۇلبۇللا پادىشاھتىن ئايرىلماي ناخشا ئېيتىۋېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

19. پادىشاھ بۇلبۇلغا: «سەن مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە تۇرغىن، قانداق ناخشىنى ئېيتقىڭ كەلسە شۇنداق ناخشىنى ئېيتقىن. مەن ھېلىقى ئويۇنچۇق بۇلبۇلنى تاشلىۋېتەي» دەپتۇ.




Scanned by CamScanner

20. بۇلبۇل پادىشاھقا: «ئۇنداق قىلمىسىلا، ئۇمۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەن ئوردىدا قالالمايمەن» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner



21. ئۇ يەنە پادىشاھقا: «مېنىڭ قاچان كەلگۈم كەلسە شۇ چاغدا كېلىپ، دېرىزە ئالدىدىكى دەرەخكە قونۇپ سىلىگە ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner



22. بۇلبۇل شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورمانلىققا قايتىپ كېلىپ، ھەر كۈنى ئاۋالقىدەكلا جاپا چەككەن، ھېرىپ-چارچىغان كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ.



23. مۇلازىملار ئوردى-
غا قايتىپ كەلگەندە ساغلام،
تىمەن پادىشاھنىڭ ئۆزلىرى-
دىن ئەھۋال سوراۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ-
تۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

**夜莺**

红蜻蜓丛书(5)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 815 - 9

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : **روشەنگۈل تۇرسۇن**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : **ئازات بارات**



ISBN 978-7-80547-815-9

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)